# بۇ سىنىڭ داداڭ، بۇ سىنىڭ ئاپاڭ، ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ قولىنى تۇتۇشنى خالىساڭ، شۇنىڭ قولىنى تۇتقىن

مەدىنە ئەھلىدىن بولغان، سەمىمى، بىر كىشىنىڭ ئازات گەردىسى، ئەبۇ مەيمۇنە سەلما دېگەن كىشى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:بىز ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئولتۇراتتۇق، ئۇنىڭ يېنىغا بىر پارىس ئايال كەلدى، ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بار ئىدى، ئېرى ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئەر-ئايال ئىككەيلەن ئۇ بالىنى تالىشىپ قالغان ئىكەن، ئۇ ئايال: ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! دەپ پارىسچە تەلەپپۇزدا سۆز باشلىدى: ئېرىم بۇ بالامنى مەندىن ئېلىۋالىمەن دەيدۇ دېدى، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئىككىڭلار چەك تارتىڭلار، كىمگە چىقسا شۇ ئالسۇن دېدى، چەكتە بالا ئايالغا چىقتى، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى كىلىپ: مەندىن بالامنى كىم تارتىۋالىدىكەن؟ دېدى. ئەبۇھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەقەت پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغاننى دەيمەن، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرسام بىر ئايال پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئېرىم مەندىن بۇ بالامنى ئېلىۋالىمەن دەيدۇ، بۇ بالام ماڭا ئەبۇ ئىنەبە قۇدۇقىدىن سۇ ئەكىلىپ خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ، ماڭا ياردەملىشىۋاتىدۇ دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا چەك تارتىڭلار دىدى، ئېرى: مەندىن بالامنى كىم تارتىۋالىدۇ؟ دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ بالىغا:«بۇ سىنىڭ داداڭ، بۇ سىنىڭ ئاپاڭ، ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ قولىنى تۇتۇشنى خالىساڭ، شۇنىڭ قولىنى تۇتقىن»دىدى، بالا ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتتى، ئايال بالىنى ئېلىپ كەتتى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نىسائىي"سۇنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ن]

بۇ ھەدىستە بالىنىڭ مەنپەئەتىنى روياپقا چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلىكى بايان قىلىنغان، ئۇ ئايال ئېرىدىن ئايرىلغان بولۇپ، بالىسى ئۇ ئايال بىلەن بىرگە قالغان، ئېرى ئايالىنىڭ بالىغا ھاجىتى بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بالىنىڭ ئانىنىڭ يېنىدا تەربىيلىنىشىنىڭ داۋاملىششىنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان، شۇنىڭدەك بالىمۇ كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدۇ بەلكى ئانىنىڭ كۆڭۈل بۆلىشى، مۇھاپىزەت قىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ ئايالغا ئوخشاش يەنە بىر ئايالنىڭ مەسلىسى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىستىن خەۋەر بەرگەن، بالىنى پەرۋىش قىلىش، ئىشلىرىغا ئىگە بولۇشتىن بالىنى تەربىيلەش، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ، كىچىك بالا ئاق-قارىنى پەرق قىلغۇدەك بولغۇچە ئانىسىنىڭ يېنىدا بولىدۇ، ئانىسى باشقا بىرىگە ياتلىق بولمىغان ۋاقىتتا شۇنداق بولىدۇ، بىر نەرسىنى ئايرىغىدەك، ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ئۆزى قىلغۇدەك بولغاندا، بالىنى پەرۋىش قىلىشتا ئانا بىلەن دادىنىڭ ھەققى باراۋەر بولىدۇ، بالىغا ئۇلارنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ، قايسىسىنىڭ يېنىغا بارسا شۇ ئېلىپ كىتىدۇ

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee